السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە ئاساسەن بولىدۇ، ھەر بىر كىشى ئۈچۈن نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ

ئۆمەر بىن خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر، ئىنسان نېمىنى نىيەت قىلسا شۇ بولىدۇ، بىر كىشى ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى دەپ ھىجرەت قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن بولىدۇ. بىر كىشى مال-دۇنياغا ئېرىشىش ياكى بىرەر گۈزەل ئايال بىلەن توي قىلىش مەقسىتىدە ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسە ئۈچۈن بولىدۇ». بۇخارىينىڭ لەپزىدە: «ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە ئاساسەن بولىدۇ، ھەر بىر كىشى ئۈچۈن نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ.» دەپ كەلگەن.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەر قانداق بىر ئەمەلنىڭ نىيەتكە كۆرە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ئىبادەت، مۇئامىلات قاتارلىق ھەممە ئەمەللەردە شۇنداق بولىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلى بىلەن بىرەر مەنپەئەتنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ كىشىنىڭ قىلغان ئەمىلىگە ساۋاپ بېرىلمەيدۇ لېكىن ئۇ كىشى مەقسەت قىلغان مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلى بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلسا، گەرچە قىلغان ئەمىلى يېمەك-ئىچمەككە ئوخشاش ئادەتتىكى ئىشلاردىن بولسىمۇ نىيىتى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن كاتتا ئەجىر-ساۋاپقا نائىل بولىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نىيەتنىڭ كۆرۈنۈشتە ئەمەل بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى بايان قىلىپ بەردى، ۋە يەنە: بىر كىشى ئۆز ۋەتىنىنى تەرك قىلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ھىجرىتى شەرئەتتە قوبۇل قىلىنىدىغان ھىجرەت بولۇپ، نىيىتىدىكى سەمىمىيەتكە كۆرە ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ. بىر كىشى دۇنيا مەنپەئەتنى مەقسەت قىلىپ مال-دۇنيا، يۈز-ئابرۇي، تىجارەت ياكى توي قىلىشتىن ئىبارەت مەقسەتلەر بىلەن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ھىجرىتىدىن پەقەت مەقسەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا ئۇ كىشىنىڭ ئەجىر-ساۋاپتىن نەسىۋىسى بولمايدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4560

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee